## 26715 ـ ئېھرامدىكى كىشىنىڭ تىرناق ئېلىشى توغرىسىدا

### سۇئال

ئېھرامغا كىرىش بەلگىلەنگەن ئورۇندىن ئېھرام كىيىپ بولغاندىن كېيىن تىرنىقىنى ئالسا بولامدۇ؟ياكى قۇربانلىق مالنى ئۆلتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن ئالامدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىم بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

تىرناقلىرىنى ئېھرام كىيىشتىن بۇرۇن ئالسا بولىدۇ، ئەمما قۇربانلىق قىلىشنى مەقسەت قىلغان كىشى زۇلھەججە ئېيى كىرگەندىن كېيىن تىرنىقىنى ئالمايدۇ، چۈنكى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام بۇنىڭدىن چەكلىگەن، ئېھرامغا رەسمى كىرىپ بولغاندىن كېيىن تىرناق ئېلىش بولسا مۇتلەق توغرا بولمايدۇ، ئېھرامغا كىرگەن كىشىنىڭ تىرناقلىرىنى ياكى بەدەن موينلىرىنى ئېلىشى توغرا بولمايدۇ. ئۆمرە قىلىدىغان كىشى: كەبىنى تاۋاپ قىلىپ، ساپا ـ مەرۋە قىلىپ بولغاندىن كېيىن چاچنى ئالدۇرۇش ۋە قىسقارتىش بىلەن ئۇ كىشى ئېھرامدىن چىققان بولىدۇ. شۇنىڭدەك ھەج قىلغان كىشىمۇ چوڭ شەيتانغا تاش ئېتىپ بولغاندىن كېيىن چېچىنى ئالدۇرۇش ياكى قىسقارتىش دۇرۇس بولىدۇ، پۈتۈن ئالدۇرۇش ياخشى، ئاندىن قۇربانلىق قىلىشتىن ئىلگىرى ياكى كېيىن بولسۇن ئۇ كىشى ئېھرامدىن چىققان بولىدۇ، مۇمكىن بولسا قۇربانلىقتىن كېيىن قىلسا ياخشى بولىدۇ.

ئاللاھ تائالا ياخشىلىققا مۇۋەپپەق قىلسۇن. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ۋە ساھابى كىراملىرىغا ئاللاھنىڭ رەھمەت ـ سالاملىرى بولسۇن.